1. داۋىد توبىن قاتارلىقلار تەييارلىغان دوكلات: دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى زوراۋانلىقى توغرىسىدا ئەتراپلىق باھالاش.

شىنجاڭدىكى تۈرك مۇسۇلمان خەلقلىرىگە قارىتىلغان دۆلەت زوراۋانلىقى دۇنيا سىياسىتىنى بەلگىلىگۈچىلەر ۋە بارلىق خەلقلەرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىقتىساد ھەم بىخەتەرلىك مەنپە'ئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش جەھەتتىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ دوكلات جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئېتنىك مىللەتلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن قانداق تەشكىللەنگەنلىكى ۋە بىر-بىرىگە ماسلىشىپ قانداق ھەركەت قىلغانلىقى ھەققىدە تەييارلانغان بولۇپ، بۇنداق دۆلەت تەرىپىدىن سىستىمىلىق ئېلىپ بىرىلغان باستۇرۇشلارنىڭ مەقسىدى بولسا باستۇرۇش ئوبىكتى بولغان ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ تىلى، مەدىنىيىتى ۋە دىنىي ئورىپ-ئادەتلىرىنىڭ ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

ئاساسلىق بايقاشلار تۆۋەندىكىچە:

(1) شىنجاڭ خەلقىگە قارىتىلغان دۆلەتنىڭ زوراۋانلىقى 2014-يىلدىن باشلاپ تېز كۈچەيگەن.
(2) دۆلەتنىڭ رەسمىي بايان قىلىنغان شىنجاڭ سىياسىتى بولسا «يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش».
(3) كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، بالىلارنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىۋېتىش، تىل ۋە دىنىنى باستۇرۇش، جىنسىي زوراۋانلىق ۋە قىيناش قاتارلىق بىر يۈرۈش سىستېمىلىق ھەم ئۆز-ئارا گىرەلىشكەن تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش.
(4) ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان كۆلەملەشكەن ۋە سىستېمىلىق مەجبۇرى  ئەمگەككە سېلىش، مەجبۇرى قايىل قىلىش، مەجبۇرى نوپۇس يۆتكەش ۋە بالىلارنى ئا'ئىلىسىدىن مەجبۇرى ئايرىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (1-باپقا قارالسۇن).
(5)  ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئا'ئىلىسىدىن دۆلەت بېقىشىغا يۆتكىلىشى 2017-يىلكىدىن كېيىن تېز سۈرئەتتە ئاشقان (2-باپقا قارالسۇن).
(6) مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك «تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى»،«بەك كۆپ بالىسى بار» ئائىلىلەرنى لاگېرلارغا قاماش قاتارلىق تەدبىرلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان (2-باپقا قارالسۇن).
(7)  كەڭ تارقالغان باسقۇنچىلىق ۋە جىنسىي زوراۋانلىق قىلمىشلىرى كامپىلاردىكىلەرنى قىيناش ۋە جازالاشنىڭ دا'ئىملىق ۋە سىستېمىلىق ئۇسۇللىرى بوپ قالغان (3-باپقا قارالسۇن).
(8)  دىنىي پالىيەتلەرگە قاتنىشىش لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ تۇتقۇن مۇددىتىنىڭ زىيادە ئۇزارتىلىشىدىكى بىر قانۇنلۇق ئۆلچەمگە ئايلاندۇرۇلغان بولۇپ، بۇ «دىنىنى سوتسىيالىزىملاشتۇرۇش» دېگەن بىر قاتار چارە-تەدبىرلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان (4. باپقا قارالسۇن).
(9) شىنجاڭدا يولغان قۇيۇلغان «ئاشقۇنلۇققا زەربە بېرىش» دېگەنلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنى جوڭگودىكى كۆپ سانلىق سانالغان خەنزۇ مىللىتى بىلەن مەجبۇرى توي قىلدۇرۇش، مىللى مەدەنىيەتنىڭ سىمۋۇللۇق شەخسلىرىنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ۋە لاگېرغا سولاش ئارقىلىق ئاتالمىش «قايتا تەبىيلەش» نى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر (5. باپقا قارالسۇن).